## 13957 ـ ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە مۇھتاجلىقى

**سۇئال**

كىشىلەر نىمىشقا پەيغەمبەرلەرگە مۇھتاج بولىدۇ ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

پەيغەمبەرلەر بولسا ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى بولۇپ ، ئۇلار ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزىدۇ . ھەمدە ئۇلارغا ئاللاھ ۋەدە قىلغان نىئمەتلەر بىلەن خۇش-خەۋەر بېرىدۇ ، ناۋادا ئۇلار ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلغان بولسا . ھەمدە ئۇلارنى دائىملىق ئازاپتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ ، ناۋادا ئۇلار ئۇنىڭ توسۇقلىرىغا قارشى چىققان بولسا . ئۇلار ئۇلارغائىلگىركى مىللەتلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى ، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا كەلگەن ئازاپ ۋە ئىنتىقاملارنى سۆزلەپ بېرىدۇ .

بۇ ئىلاھى بۇيرۇقلار ۋە چەكلىمىلەرنى نوقۇل پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدۇ . شۇڭلاشقا ئاللاھ ئىنسانلارنى ھۆرمەتلەش ، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش يۈزىسىدىن قانۇنلارنى بېكىتتى ، بۇيرۇق ۋە توسۇقلارنى بەردى . چۈنكى ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل خاھىشىغا ئەگىشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن چەكلىمىلەردىن ئۆتۈپ كېتىدۇ ، كىشىلەرگە زوراۋانلىق قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنى ھەق-ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىدۇ . شۇڭا ئاللاھ ئۆزىنىڭ دانالىقى ۋە ھېكمىتى بىلەن ئۇلارنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئەسلىتىدىغان ، ئۇلارنى گۇناھقا چۈشمەسلىككە ئاگاھلاندۇرىدىغان ، ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىدىغان ھەمدە ئۇلارغا ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئۆزلۈكسىز ئۇلارغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ تۇردى . چۈنكى كىشىلەر ئاجايىپ خەۋەرلەرنى ئاڭلىغاندا ، ئۇلارنى ھوشيار قىلىدۇ-دە ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چۈشىنىدۇ ، بىلمى ئاشىدۇ ۋە توغرا چۈشىنىدۇ ، چۈنكى قانچە كۆپ ئاڭلىغانسىرى ئوي-پىكىرلەر شۇنچە كۆپ بولىدۇ . ئوي-پىكىرلەر قانچە كۆپ بولسا ، ئۇلار شۇنچە كۆپ پىكىر يۈرگۈزىدۇ . ئۇلار قانچە پىكىر يۈرگۈزسە ، ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى شۇنچە كۆپ بولىدۇ . ھەمدە ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى قانچە كۆپ بولسا ، ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى شۇنچە كۆپ بولىدۇ . شۇڭا بۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ، ئەلچىلەرنى ئەۋەتىشتىن باشقا يول يوق .

[ ئەلى بىن مۇھەممەد مەۋدۇدىنىڭ ئەئىلام نۇبۇۋۋە دىن ئېلىندى . ]

ئىسلام پېشىۋاسى ئىبنۇ تەيمىيە( ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم-شەپقەت قىلسۇن) -ئەھمەد بىن ئابدۇلھەلىيم بىن ئابدۇسسەلام ئىبنۇ تەيمىيە دەپ تونۇلغان . ئۇ ھىجرىيىنىڭ 61-يىلى تۇغۇلۇپ ، 728-يىلى ۋاپات بولغان . ئۇ ئەڭ كاتتا ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، نۇرغۇن قىممەتلىك كىتاپلارنى يازغان . ئۇ مۇنداق دىگەن :" ئەلچىلىك بولسا ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ

ياخشى نەرسىگە يېتەكلىنىشى ئۆچۈن زۆرۈر . بىر ئادەم بۇ ئەلچىلىككە ئەگەشمىسە ، ئاخىرەتتە ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىگە يېتەكلىنەلمەيدۇ . ۋە شۇنىڭدەك ، بۇ دۇنيادىمۇ ھەم ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىگە يېتەكلىنەلمەيدۇ . ئىنسان شەرىئەتكە مۇھتاج . چۈنكى ئۇ ئۆزىگە پايدا ئېلىپ كىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسىدىن ساقلايدىغان ئىككى ھەركەتنى قىلىدۇ . بۇ شەرىئەت ئاللاھنىڭ زېمىندىكى نۇرى ، بەندىلىرى ئارىسىدىكى ئادىللىقى ، ھەمدە ئۇنىڭغا كىرىۋالغۇچى ھەرقانداق كىشى بىخەتەر بولىدىغان پاناھگاھ .

شەرىئەت دىگەنلىك پايدا بىلەن زىياننى ھىسسىي جەھەتتىن ئايرىش ئەمەس ، چۈنكى ھايۋانلارمۇ ئۇنى قىلالايدۇ . ئىشەك بىلەن تۆگە ئارپا بىلەن توپىنى پەرىقلەندۈرەلەيدۇ . بەلكى ئۇ ئىنسانغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدا يەتكۈزىدىغان ئىش_ھەركەت بىلەن ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەركەتلەرنى ئايرىش . مەسىلەن ، ئىمان ، تەۋھىد ، چىدامچانلىق ، ئادىل بولۇش ، توغرا قىلىقلىق بولۇش ، ياخشىلىق قىلىش ، ئىشەنچىلىك بولۇش ، ئىپپەتلىك بولۇش ، بىلىش ، ياخشىلىققا بۇيرۇش ، يامان ئىشتىن توسۇش ، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاش ، ئاتا_ئانىنى ھۆرمەتلەش ، قوشنىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش ، كىشىلەرنىڭ ھەق_ھوقۇقىنى تونۇش ، ئىشلارنى ساپ ئاللاھ ئۈچۈن قىلىش ، ئۇنىڭغا ئىشەنچىسىنى قويۇش ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش ، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىنى قوبۇل قىلىش ، ئۇنىڭ خاھىشىغا بويسۇنۇش ، ئۇنىڭغا ئىشىنىش ، ئۇنىڭ ئەلچىلىرى بىزگە ئېيتقان بارلىق خەۋەرلەرگە ئىشىنىش ، ۋە باشقا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىنسانغا نەپ ئەكىلىدىغان ئىش_ھەركەتلەر . ئەگەر ئەلچىلىك بولمىغان بولسا ، بىزلەرنىڭ كاللىمىز بۇ ھاياتتىكى پايدا بىلەن زىياننى تەپسىلىي ئايرىشقا كۈچى يەتمىگەن بولاتتى . ئاللاھ بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نىئمەتلەرنىڭ بىرى بولسا ئۇلارغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىشى ، كىتاپلارنى چۈشۈرىشى ، ۋە ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىشى بولۇپ ، ناۋادا ئۇ بولمىغان بولسا ئۇلار ھايۋانلارنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالغان ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ناچار ھالغا قالغان بولاتتى . شۇڭا كىمكى ئاللاھنىڭ ئەلچىلىكنى قوبۇل قىلسا ، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلسا ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى . ۋە كىمكى ئۇنى رەت قىلسا ۋە ئۇنىڭغا سەل قارىسا ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ناچىرى . ھەتتا ئىت، چوشقىلاردىنمۇ ناچار بولۇپ ، رەزىللەرنىڭ رەزىلى .

دۇنيا خەلقى پەقەت ئۇلارنىڭ ئارىسىغا تارالغان ئەلچىلىكنىڭ ئىزلىرى بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ . ئەگەر ئەلچىلەرنىڭ بۇ ئىزلىرى زېمىن يۈزىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلسە ، ئۇلارنىڭ تەلىماتى يوقىتىۋېتىلسە ، ئۇ چاغدا ئاللاھ ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى دۇنيانى ۋەيران قىلىدۇ ھەمدە قىيامەت باشلىنىدۇ .

يەرشارى كىشىلىرىنىڭ ئەلچىلەرگە بولغان ئېھتىياجى ئۇلارنىڭ قۇياش ، ئاي ، شامال ، ۋە يامغۇرغا بولغان ئېھتىياجىغا ، بىر ئادەمنى ھاياتلىقىغا بولغان ئېھتىياجىغا ، ياكى كۆزنىڭ يورۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجىغا ، ياكى بەدەننىڭ يىمەك_ئىچمەككە بولغان ئېھتىياجىغا ئوخشىمايدۇ . بەلكى ئۇنىڭدىن چوڭ ۋە ھەرقانداق سىز ئويلىيالايدىغان ۋە پەرەز قىلالايدىغان ئېھتىياجدىن چوڭ . ئەلچىلەر بولسا(ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇلارغا بولسۇن) ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە توسۇقلىرىنى يەتكۈزىدىغان ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئوتتۇرسىدىكى ۋاستىلەر .ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرى ئوتتۇرسىدىكى ئالاقىچىلار . ئۇلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئاخىرقىسى ، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئەڭ ھۆرمەتلىكى بولسا مۇھەممەد ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بولسۇن ) . ئاللاھ ئۇنى دۇنيالارغا رەھىم_شەپقەت سۈپىتىدە ، ئاللاھقا يېقىنلىششنى خالايدىغانلارغا يېتەكچى ،

بارلىق كىشىلەرگە بانا قويماسلىق ئۈچۈن ئىزپات قىلىپ ئەۋەتتى . ئاللاھ كىشىلەرنى ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا ، ئۇنى سۆيۈشكە ، هۆرمەتلەشكە ، ئۇنى هىمايە قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ ھەق_ھوقۇقىنى ئادا قىلىشقا بۇيرىدى . ئاللاھ بارلىق ئەلچىلەر ۋە پەيغەمبەرلەردىن ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە ۋە ئەگىشىشكە ئەھدە ئالدى . ھەمدە ئۇلارنى ئۇلارغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەردىنمۇ ئوخشاش ئەھدىنى ئىلىشقا بۇيرىدى . ئاللاھ ئۇنى قىيامەتتىن بۇرۇن خۇش_خەۋەر ئىلىپ كەلگۈچى ، ئاگاھلاندۇرغۇچى ، كىشىلەرنى ئاللاھ تەرەپكە ئۇنىڭ ئىزنى بىلەن چاقىرغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتتى . ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن ئەلچىلەرنىڭ سىپىنى ئاخىرلاشتۇردى ، ئازغۇنلۇقتىن توغرىغا يىتەكلىدى ، ئۇئارقىلىق نادانلىقتىن بىلىم_مەرىپەتكە يىتەكلىدى ، ئۇنىڭ ئەلچىلىكى بىلەن قارىغۇ كۆزلەرنى ، پاڭ قۇلاقلارنى، قاتقان يۈرەكلەرنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئەلچىلىكى بىلەن قاراڭغۇلاشقان بۇدۇنيانى يورۇتتى ، چىچىلىپ كەتكەن كىشىلەرنى بىر يەرگە يىغدى . ئىنسانلارنىڭ ئەگرى يولىنى تۈزلەپ بەردى ھەمدە ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتتى . ئۇنىڭ كۆكسى_قارنىنى كەڭ قىلدى ھەمدە يۈكىنى ئىلىۋەتتى ، ئۇنىڭ ئابرويىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ بۇيرىقىغا قارشى چىققان كىشىلەرگە خارلىق ، رەسۋالىقنى مۇپتىلا قىلدى . ئۇنى (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇلارغا بولسۇن ) ئەلچىلەر بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان ، كىتاپلار يوقالغان ، سۆزلەر بۇرمىلانغان ، قانۇنلار ئۆزگەرتىگەن ، بارلىق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ناتوغرا پىكىرلىرىگە تايانغان ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ بۇزۇق ئىددىيەلىرى ۋە كۆڭۈل خاھىشلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىۋاتقان بىر پەيتتە ئەۋەتتى . ئۇ ئارقىلىق ئاللاھ ئىنسانلارنى توغرىغا يىتەكلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا يىقىنلىشىشنىڭ تۈرلۈك يوللىرىنى ئوچۇقلاپ بەردى . ئۇ ئارقىلىق ، كىشىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقاردى . ئۇ ئارقىلىق ئۇتۇق قازانغۇچى كىشىلەر بىلەن بەدئەخلاق كىشىلەرنى پەرىقلەندۈرۈپ بەردى . شۇڭا كىمكى ئۇنىڭ يىتەكلىشىگە ئەگەشسە ، توغرىغا يىتەكلىنىدۇ . كىمكى ئۇنىڭ يولىدىن تىيىپ كەتسە ،ئازىدۇ ۋە قىيىپ كىتىدۇ . ئاللاھ ئۇنى ۋە بارلىق ئەلچىلەر ۋە پەيغەمبەرنى تەرىپلىسۇن ۋە ئامان قىلسۇن .

[ ئىسلام پىشىۋاسى ئىبنۇ تەيمىيەنىڭ (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھىم_شەپقەت قىلسۇن) ئەلچىلىككە ئىسىلىشىنىڭ ۋاجىپلىقى ھەققىدە ئاساسى پىرىنسىپ 19_ج ، 99_102 ب، فەتىۋالار توپلىمى دىن ئىلىندى ؛ ھەمدە لەۋامىئي ئەنۋار ئەلبەھىييە 2_ج ، 216، 236 ب گە قاراڭ . ]

بىز ئىنسانىنىڭ ئەلچىلەرگە بولغان ئىھتىياجىنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلايمىز :

1_ ئىنسان بىقىندى مەخلۇق (يارىتىلغۇچى ) ، شۇڭا ئۇ ياراتقۇچىسىنى تونۇشى ، ئۇنىڭدىن نىمىنى كۈتىدىغىنىنى بىلىشى ، ۋە نىمىشقا يارىتىلغانلىقىنى بىلىشى كىرەك . ئىنسان بۇنى ئۆزىگە تايىنىپ بىلەلمەيدۇ . ئۇ پەقەت پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرنى بىلىش ۋە ئۇلار ئىلىپ كەلگەن توغرا يول ۋە نۇر ئارقىلىقلا ، ئۇنى بىلىشكە يول تاپالايدۇ .

2_ ئىنسان تەن ۋە روھتىن تۈزۈلگەن . ئۇنىڭ تىنى يىمەك_ئىچمەك ئارقىلىق ئوزىيۇقلىنىدۇ . بىراق ئۇنىڭ روھىنىڭ ئوزۇقى بولسا ياراتقۇچىسى تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلگەن نەرسە ، يەنى توغرا دىن ، ۋە توغرا ئىش_ھەركەت . پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرتوغرا دىننى ئىلىپ كەلدى ۋە ئۇلارغا توغرا ئىش_ھەركەتلەرنى ئۆگەتتى .

3_ ئىنسان ئۆز تەبىئىتى بىلەن دىندار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەگىشىدىغان بىر دىنى بولۇشى كىرەك . ھەمدە بۇ دىن توغرا بولۇشى كىرەك . توغرا دىنغا پەقەت پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرگە ئىشىنىش ۋە ئۇلار ئىلىپ كەلگەن نەرسىگە ئىشىنىش ئارقىلىقلا يول

تاپقىلى بولىدۇ .

4- ئىنسان بۇدۇنيادا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئىرىشتۈرىدىغان ، ئاخىرەتتە بولسا ئۇنىڭ جەننىتىگە ۋە نېئمىتىگە ئىرىشتۈرىدىغان بىر يولغا مۇھتاج بولىدۇ . ھەمدە پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەردىن باشقا ھېچكىم بۇ يوللارنى كۆرسىتىپ بىرەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا باشلىيالمايدۇ .

5- ئىنسان ئۆز تەبىئىتى بىلەن ئاجىز ھەمدە ئۇنى كۈتۈپ ياتقان نۇرغۇن دۈشمەنلەر بار . مەسىلەن ، شەيتا ئۇنى ئازدۇرۇشنى ئويلايدۇ ، ئەسكى دوستلار ئۇنىڭغا رەزىل قىلمىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ . ھەمدە كۆڭۈل يامان قىلمىشلارغا مايىل . شۇڭلاشقا ئۇ دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ئۇنى قوغدايدىغان بىر نەرسىگە مۇھتاج بولىدۇ . ۋە پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەر ئۇنى ئاشۇ نەرسىگە باشلايدۇ ھەمدە ئۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ قويىدۇ .

6- ئىنسان ئۆز تەبىئىتى بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدۇ . باشقىلاربىلەن يىغىلىش ۋە باردى-كەلدى قىلىشلاردا كىشىلەرنى ئادىل ، باراۋەر بولۇشقا يېتەكلەيدىغان قانۇنلار بولۇشى كېرەك . بولمىغاندا قالايمىقان قانۇنلار بىسىۋالىدۇ . بۇ يېتەكلىگۈچى قانۇن بارلىق ھەق-ھوقۇقى بارلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى ھەرقانداق ئۇسۇلدا دەپسەندە قىلماستىن ۋە ئاشۇرۋەتمەستىن قوغدىشى كېرەك . پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەردىن باشقا ھېچكىم تۇكەممەل بىر قانۇننى تۈزۈپ چىقالمايدۇ .

7- ئىنسان ئۇنىڭغا بىخەتەرلىك ، روھى خاتىرجەملىك بېرىدىغان ھەمدە ئۇنى ھەقىقى بەختىنىڭ سەۋەپلىرىگە يېتەكلەيدىغان بىر نەرسىگە مۇھتاج . بۇ بولسا پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەر كىشىلەرنى يېتەكلەيدىغان نەرسە .

[ د.مۇھەممەد بىن ئابدۇللاھ بىن سالىھ سەھىيمىنىڭ ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى ۋە مەنبەلىرى ناملىق كىتابىدىن ]